# تەقۋادارلىقنىڭ مۇسۇلمان هاياتىدىكى رولى

[ئۇيغۇرچە]

## التقوى وأثرها في حياة المسلم

[باللغة الأويغورية]

ئەلى ئىبنى ئابدۇررەھمان ئەل ھۇزەيپي

الخطيب:الشيخ علي بن عبد الرحمن الحذيفي

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپىددىن ئەبۇ ئابدۇلئەزىز

المترجم: سيف الدين أبو عبد العزيز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ن. تەمكىنى

المراجعة: ن. تمكيني

رىياد شەھرى رەبۋە رايونى دىن تەشۋىقات ھەمكارلىق مەركىزى

المكتب التعاوني للدعوة وتوعية الجاليات بالربوة بمدينة الرياض

1429 – 2008

islamhouse.com

# تەقۋادارلىق توغرىسىدا

**1429/6/2 ھـ / 2008ـيىلى 6ـئاينىڭ 6ـكۈنىدىكى جۈمە خۇتبىسى**

## بىرىنچى خۇتبە

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بارلىق ھەمدۇ ـ سانالار ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭغا تايىنىمىز، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم تىلەيمىز، نەپسلىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ناچار ئەمەللىرىمىزدىن ئاللاھقا سىغىنىپ پاناھ تىلەيمىز، ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوقتۇر، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى توغرا يولغا يېتەكلىگۈچى مەدەتكار يوقتۇر.

ئاللاھنىڭ ھېچ قانداق شېرىكى يوق يەككە ـ يېگانە دەپ گۇۋاھلىق بىرىمىز. ئاللاھنىڭ دىنىنى ھەممە دىنلاردىن ئالى قىلىش ئۈچۈن ئېۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى وە ئەلچىسى دەپ گۆۋاھلىق بىرىمىز.

ئي ئاللاھ ئۆزلىرىدىن سىلىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە بەندىلىرى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز موھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ پاك ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىگە، بارلىق ئىسىل خىسلەتلىك ساھابىلەرگە، قىيامەتكە قەدەر ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ماڭغان كىشىلەرگە رەھمەت ۋە مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز.

ئي قىرىنداشلار! ئاللاھتىن ھەقىيقى قورقۇڭلار،كىمكى ئاللاھتىن ھەقىيقى قورقىدىكەن ئۇ كىشى ھالاكەتتىن قۇتۇلىدۇ ۋە مەرتىبىسى يۇقىرى بولىدۇ.

ئي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! قەلبىنى ئىسلاھ قىلىدىغان، ئەمەللەرنى توغرا يوسۇن بىلەن قىلىشقا يولىيورۇق بىرىدىغان ئەڭ ياخشى نەرسە ئاللاھنىڭ كىتابىدۇر. ئاللاھ بۇ كىتابىنى قەلبلەرگە شىپا ۋە ھىدايەت ئىستىگۈچىگە نۇرلۇق چىراق قىلىپ، ئۇنىڭدا ھەممە نەرسىلەرنى ئوچۇق بايان قىلىپ چۈشۈرگەن روشەن كىتابتۇر.

پەيغەمبىرىمىز موھەممەد ئەلەيھىسسالام بولسا ئۆز نەپسى خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ . پەقەت ئۇنىڭغا ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا بىزنى قۇرئان ـ كەرىمدىكى بۇ ئايەت بىلەن مۇنداق مەرھەمەت قىلىدۇ: «ئى مۆمىنلەر ! الله دىن قورقۇڭلار،توغرا سۆزنى قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ(يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)،گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى الله قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ». يۇقىرىدىكى بۇ ئايەت ئارقىلىق ئىسلام ئەھلىنى ئىككى ئىشقا بۇيرىدى، بۇنىڭغا ئىتائەت قىلغانلارغا ئۇلارنىڭ بارلىق ئەمەللىرىنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ۋە كەلگۈسىدە، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە، ئىسلاھ قىلىش، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىش ۋە ئۇ لار ياخشى كۆرىدىغان، ۋە قىزىقىدىغان كاتتا نىجاتلىق بىلەن ۋەدە قىلدى.

ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دىگەن: سىلەر ئاللاھ تائالانىڭ «ئي ئىمان ئىيتقان مۇمىنلەر!» دىگەن ئايىتىنى ئاڭلىغان ۋاختىڭلاردا بۇ ئايەتنى ئوبدان قۇلاق سىلىپ تىڭشاڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا بۇ چاقىرىق بىلەن ياخشىلىققا بۇيرىيدۇ ياكى يامانلىقتىن توسىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ« ئاللاھتىن ھەقىيقى قورقۇڭلار» دىگەن خىتابىنى ئاڭلىغىنىڭلاردا ئۆزۈڭلار بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابى ئارىسىغا ئاللاھ بۇيرىغان بارلىق پەرىزلەرنى ئاداقىلىش، ئاللاھ توسقان بارلىق ھارام ئىشلاردىن چەكلىنىش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كىشىلەرنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش ئارقىلىق ساقلىنىش توسىغىنى تۇرغۇزۇڭلار.

تەقۋالىقنىڭ ئاساسى بىدئەت، خۇراپاتتىن ۋە ھەر خىل شەكىلدە ئاللاھقا شىرىك كەلتۈرۈشتىن ساقلىنىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئىبنى ئاباس بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن:« تەقۋادار كىشىلەر ئاللاھنىڭ توغرا يولغا باشلىشى بىلەن دائىم ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھەزەر ئەيلەپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمۈت قىلىپ، ئاللاھ بەلگىلىگەن پىرىنسىپلارغا ئىشىنىپ ۋە ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش بىلەن بولىدۇ.

ئەبىددەردا بۇ ھەقتە مۇنداق دىگەن: «ھەقىيقى تەقۋادارلىق بولسا، ئىنسان ئاللاھقا تەقۋالىق قىلىشتا ھارام ئىشلارغا چۈشۈپ قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۆزى بىلەن ھارام نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى توساش ئۈچۈن زەررىچىلىك ھارام دەپ قارالغان نەرسىلەردىن ساقلىنالىغاندىلا، ئۇنىڭ ھەقىقى ماھىيىتى نامايەندە بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا كىشىلەرنىڭ ئاخىرقى ئورنىنى بايان قىلىپ مۇنداق دىدى:« كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ» .

ياخشىلىق ئاددى بولسىمۇ تۆۋەن كورمەستىن تولۇق قىلىش، يامانلىق ئاددى بولسىمۇ تۆۋەن كورمەستىن بۇنىڭدىن تولۇق ساقلىنىش كىرەك.

ھەسەن ئەلبەسري (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «تەقۋادار كىشىلەر دىگىنىمىز، ئاللاھ تائالا ھارام قىلغان ئىشلاردىن تولۇق ساقلانغان، ئاللاھ بۇيرىغان ئىشلارنى كامىل قىلغان كىشىلەردۇر».

تەلقى ئىبنى ھەبىب بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:« تەقۋادارلىق دىگەن؛ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۇمۇت قىلىپ ئاللاھنىڭ ھىدايەت نۇرى بىلەن ئاللاھ بۇيرىغان تائەت ـ ئىبادەتلەرنى قىلىش، ئاللاھنىڭ ئازاۋىدىن قورقۇپ ئاللاھغا ئاسىيلىق قىلىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش».

تەقۋالىق قىلىش بولسا ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق مۇسۇلمانلارغا قىلغان تەكلىپى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇممىتىگە، رەھبەرلەرگە، ئۆزىدىن كىيىنكى توغرا يول تۇتۇپ ماڭغان ئىز باسارلارغا ۋە بارلىق سالىھ مۇسۇلمانلارغا قىلغان تاپشۇرىقى بولۇپ، بۇ مۆمىنلەرنىڭ ئەڭ ياخشى قۆرالى ۋە قىيامەت كۈنى مەنپەئەتلىنىدىغان ئەڭ ياخشى ئوزۇقلۇقىدۇر . ئاللاھ تائالا بارلىق ئىززەت ـ ئىكراملارنى تەقۋا كىشىلەر ئۈچۈن تەييارلىدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى:« كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، اللە ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. اللە ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى اللەقا تەۋەككۇل قىلىدىكەن، اللە ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، اللە ھەقىقەتەن مەقسىتىگە

يېتەلەيدۇ، الله ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى» .

«كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب بېرىدۇ».

«پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان- زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار».

ئاللاھ تائالانىڭ «توغرا سۆزنى قىلىڭلار»دىگەن ئايەتنىڭ تەپسىرىدە ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ :بۇ ئايەتتىكى توغرا سوزنىڭ مەنىسى «ئاللاھ بىر ئاللاھتىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ھىچ مەبۇد بەرھەق يوق» دىگەندىن ئىبارەت دەپ چۈشەندىرىدۇ.

مۇجاھىد ۋە باشقا ئالىملار بۇنىڭ مەنىسى، ھەق سوزنى ۋە توغرا سوزنى قىلىشتىن ئىبارەت دەپ شەرھىيلەيدۇ.

ئايەتتە زىكىر قىلىنغان توغرا سوزنىڭ ئومۇمىي چۈشەنچىسى؛ ئاللاھ نىڭ بۇيرىغان پەرىز، ۋاجىپ، مۇستەھەب ئىشلارنى قىلىشقا بۇيرىيدىغان سوزلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇيرىغان پەرىز - ۋاجىپ قاتارلىق ئىبادەتلەرمۇ توغرا سوزنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئاللاھنى بىر ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ياخشىلىققا بۇيرۇش، يامانلىقتىن چەكلەش،مۇسۇلمانلار ئىختىلاپلىشىپ قالغان ئىشلاردا قۇرئان - ھەدىسنىڭ روھىغا قايتىش بىلەن بىرگە سەلەپ ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئىسپاتلاپ ھەق سوزنى بايان قىلىش، كىشىلەرنى ئازدۇرىدىغان بىدئەتچىلەرگە رەددىيە بىرىش، ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىمىزنى پەيغەمبەر قىلىپ ئىۋەتىش بىلەن مۇقەررەرلەشتۇرگەن ئىسلام ئەقىدىسىنى قوغداش، دىن - شەرىئەت بىلىملىرىنى يىتەرلىك ھالدا ئىگەللەش ۋە ئۇنى باشقىلارغا يەتكۈزۈش، ئىسلام دىنىنىڭ غەيرىدىكى كىشىلەرگە ئىسلامنىڭ

گۈزەل ئەخلاقلىرىنى سوزلەپ بىرىش ئارقىلىق ئۇلارنى ھەقىقى ئىلىم بىلەن توغرا ئۇسۇلدا ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىشتىن ئىبارەتتۇر.

كىشىلەرنى ئاللاھنى دائىم ياد ئىتىشكە، نەپلە ئەمەللەرنى قىلىشقا تەۋسىيە قىلىش، پەيغەمبىرىمىزمۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا كوپ دۇرۇد ئىيتىشقا تەۋسىيە قىلىش، كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق ئەمەللەرمۇ قۇرئان كەرىمدە تەۋسىيە قىلىنغان توغرا سۆز دائىرىسىگە كىرىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ مۇمىنلەرنى توغرا سوز قىلىشقا بۇيرىشىمۇ، ئۇلارنىڭ تەقۋادار، ئىمتىيازلىق مۇسۇلمانلاردىن بولىشىغا پۇرسەت بەرگەنلىكى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇنى خاسلىق ۋە ئومۇملىق لەپزى بىلەن تەكىتلىگەن.

يۇقىرىدىكى ئايەتنىڭ لەپزىدىن توغرا سوز-ھەرىكەت قىلىشقا، مەنىسىدىن چەكلەنگەن سوز-ھەرىكەتلەرنى قىلىشتىن توسۇشقا بولغان بۇيرۇق ئىپادىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدە بۇ ھەقتە نۇرغۇن دەلىللەر سوزلەنگەن بولۇپ ئومۇمەن بۇ ئايەت - ھەدىسلەرنىڭ لەپزى ۋە مەنىسى كىشىلەرنى چەكلەنگەن، سوز-ھەرىكەتلەرنى قىلماسلىق، سوزلەشكەندە ياكى خەت يازغاندا ھارام، باتىل، چەكلەنگەن سوزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە بۇيرىيدۇ.

مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبىرىمىزدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دىگەنلىكىنى ئىيتىدۇ:«مەن ساڭا ئىشنىڭ بىشى، ئۇنىڭ تۈۋرىكى ۋە ئۇنىڭ چوققىسىنى دەپ بىرەيمۇ؟» دىۋىدى. مەن: شۇنداق قىلسىلا ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى- دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:« ئىشنىڭ بىشى ئىسلامدۇر، ئۇنىڭ تۈۋرىكى نامازدۇر، چوققىسى جىھادتۇر» دەپ ئاندىن:« مەن ساڭا ئاشۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇلىنى دەپ بىرەيمۇ؟» دىدى. مەن: شۇنداق قىلسىلا ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى- دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ تىلىنى تۇتۇپ:« بۇ تىلىڭنى يىغقىن» دىدى. مەن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى، بىز قىلغان سۆزلىرىمىزگىمۇ ھىساب بىرىمىزمۇ ؟ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:«

هالـىڭغا ۋاي، كـىشـىلـەرنى دوزاخقا يۈزلـىرى بـىلـەن يىقىتـىۋېتـىدىغان نەرسە پەقەت ئۇلارنـىڭ تـىلـلـىرىـنـىڭ مەھسۇلـىدۇر» دېدى. (تـىرمـىزى رىۋايەت قـىلـغان)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيـەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قـىلـىنـىدۇكى، ئۇ پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالامنـىڭ مۇنداق دېگەنلـىكـىنـى ئاڭلـىغان :« بەندە ئويلاپ ـ ئويلـىماي مەشرىق بـىلـەن مـەغـرىپـنـىڭ ئارىلـىقـىدىنمۇ چوڭقۇر دوزاخقا چۈشۈپ كېتـىشكە سەۋەب بولـىدىغان سۆزنى قـىلـىپ سالـىدۇ». (بـىرلـىككە كەلگەن ھەدىس)

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيـەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قـىلـىنغان يەنە بـىر ھەدىستە «كـىشى نېمە دەۋاتقانلـىقـىغا پەرۋا قـىلـماي، الله غەزەپلەنگـىدەك بـىر سۆزنى قـىلـىپ سالـىدۇ ـ دە ئۇنـىڭ سەۋەبى بـىلـەن الله ئۇ كـىشـىنى يەتمـىش يـىلـلـىق ئارىلـىقتـىنمۇ چوڭقۇر دوزاخقا چۈشۈرۈۋېتـىدۇ» . (تـىرمـىزى رىۋايەت قـىلـغان)

ئاللاھ تائالا چەكلـىگەن سوزلـەرنـىڭ قاتارىدىن توقۇلما ـ يالغان سوزلـەر بولۇپ بۇ توغۇردا الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: «نىجىس بۇتلاردىن ۋە يالغان گۇۋاھلـىق بېرىشتـىن ساقلـىنـىڭلار»

ئەبۇ بەكرى رەزىيـەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قـىلـىنـىدۇكى، پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام:« مەن سـىلـەرگە ئەڭ چوڭ گۇناھلارنى دەپ بېرەيمۇ؟» دېۋىدى. بـىز: شۇنداق قـىلـسـىلا ئى الله نـىڭ پەيغەمـبىرى ـ دېدۇق. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام:« الله غا شېرىك كەلتۈرۈش، ئاتا ـ ئانـىنى قاخشـىتـىش» دېدى. پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام يۆلـىنـىپ ئولتۇرۇپ بولۇپ، شۇ زامات رۇسلـىنـىپ ئولتۇردى ـ دە ، مۇنداق دېدى: « يالغان گۇۋاھلـىق بېرىشتـىن ئاگاھ بولۇڭلار!، يالغان گۇۋاھلـىق بېرىشتـىن ئاگاھ بولۇڭلار!» دەپ بۇ سۆزنى تەكرارلاۋەردى. بـىز: كاشكى پەيغەمـبەر ئەلەيھىسسالام ئەمدى دىمـىسـىكەن دەپ ئۈمۈت قـىلـىپ كەتتۇق. (بـىرلـىككە كەلگەن ھەدىس)

ئاللاھ تائالا چەكلـىگەن سوزلـەرنـىڭ قاتارىدىن ھەقنى باتـىلغا ئارلاشتۇرۇۋېتـىش، ھەقنى سوكەپ باتـىلنى ماختاش، ھەقـىقەتنى كـىشـىلـەرگە يامان كۆرسۈتۈش ياكى كـىشـىلـەرنى ھەقتـىن يـىراقلاشتۇرۇش، ھەقتە تۇرغان كـىشـىلـەرنى يامان كۆرۈش ياكى ئۇلارغا ئازار يەتكۈزۈش، ئۇلارنى سوكەش قاتارلـىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ بۇ توغرىدا ئاللاھ

تائالا مۇنداق دېگەن:« ھەقنى باتىلغا (يەنى الله نازىل قىلغان ھەقىقەتنى ئۆزەڭلار ئويدۇرۇپ چىققان نەرسىگە) ئارلاشتۇرماڭلار،ھەقنى بىلىپ تۇرۇپ يوشۇرماڭلار».

ئاللاھ تائالا ئەھلى كىتاپلارنى (يەھۇدي ۋە ناسارالارنى) ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «ئى ئەھلى كىتاب(يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) سىلەر نېمە ئۈچۈن بىلىپ تۇرۇپ ھەقنى يوشۇرۇپ ھەقنى باتىلغا ئارلاشتۇرىۋىتىسىلەر؟» .

ئاللاھ تائالانىڭ ئەھلى كىتاپلارنى يالغان - توقۇلمىلاردىن چەكلىگىنى بىز ئۈچۈنمۇ چەكلىمە، چۈنكى شەرىئىتىمىزدە بىزنىڭ سوز - ھەركەت ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىمىز ئەھلى كىتاپلارغا ئوخشاپ قىلىشىدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ .

ئەگەر يالغان سۆزلىگۈچىنىڭ سوزى بىلەن ئۆكىشىنىڭ يامان نىيىتى بىرلەشسە بۇنىڭ جازاسى ئېغىر بولىدۇ ۋە يۈز بىرىدىغان بۇزۇقچىلىقمۇ ئۇنىڭ ھەجمىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇھەممەد ئالەيھىسسالامغا مۇنداق دېدى :«ئېيتقىنكى ، ھەق دىن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردىن، كىمكى ئىمان ئېيتىشنى خالىسا مۆمىن بولسۇن، كىمكى كۇپىرنى خالىسا كاپىر بولسۇن».

ئەڭ مەنپەئەتلىك ئىش كىشىلەرگە ھەقنى باتىلدىن، ياخشىلىقنى يامانلىقتىن، توغرا يولنى ئازغۇنلىقتىن ئايرىپ بايان قىلىپ بىرىشتىن ئىبارەت.

ئاللاھ تائالا چەكلىگەن ئىشلارنىڭ قاتارىدىن :غەيۋەتخورلۇق ، سۇخەنچىلىك( ئارلىقتا گەپ توشۇش) بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «گەپ توشۇغۇچى سۇخەنچىلەر جەننەتكە كىرمەيدۇ» .

شۇنىڭدەك باشقىلارغا دەشنام قىلىش، زاڭلىق قىلىش، مەسخىرە قىلىش ۋە يالغان سوزلەش قاتارلىقلار تىلنىڭ ئاپىتى ۋە چوڭ گۇناھلارنىڭ قاتارىدىن ھىساپلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ «توغرا سوزنى قىلىڭلار!» دېگەن بۇيرىقىغا بويسۇنۇش دېگەن پىرىنسىپنىڭ قارشىسى بولغان يالغان سوزلەردىن ساقلىنىش بىلەن بىرگە بارلىق

ئىش ـ ھەركەتلەردە توغرا سۆزلۈك بولۇشنى كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئەمىلىلەشتۈرۈش بىلەن بولىدۇ.

ئي ئاللاھنىڭ «توغرا سۆزلۈك بولۇڭلار!» دىگەن بۇيرىغىغا ئەمەل قىلىپ تەقۋادارلىق قىلغۇچىلار سىلەرگە ئاللاھ تەرەپتىن بولغان چەكسىز خاتىرجەملىك ۋە ئالاھىدە ساۋاپلار بىلەن خوش خەۋەر بولسۇنكى، سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ھەرگىزمۇ ئۆز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ ۋە كىشىلەرگە كىچىككىنەكىمۇ زۇلۇم قىلمايدۇ.

ئاللاھ تائالا توغرا سۆزلۈك بولۇپ ھەقىيقى تەقۋالىق قىلغۇچىلارغا، ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىنى ئىسلاھ قىلىش، گۇناھلىرىنى كەچۈرۈم قىلىپ، كاتتا ساۋاپ بىرىش بىلەن خوش خەۋەر بىرىپ مۇنداق دىدى: «ئى مۆمىنلەر ! الله دىن قورقۇڭلار،توغرا سۆزنى قىلىڭلار.الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ(يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)،گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ،كىمكى الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ».

ئاللاھنىڭ سىلەرنىڭ ھاياتىڭلار ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، ماللىرىڭلار، شىركەتلىرىڭلارغا كىپىللىك قىلىشىغا قارىمامسىلەر؟! توغرا سۆزلۈك ۋە تەقۋالىقنى ھاياتىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن ئىنسانلارنى ئاللاھ تائالا ھازىر ۋە كەلگۈسىدە خاتىرجەم قىلىدۇ، بارلىق ئىشلىرىدا ياردەمچى بولىدۇ. دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىدۇ ۋە ئىش ـ ئەمەللىرىنى پاكلايدۇ، بەركەت بىرىدۇ ۋە زايا بولۇپ كىتىشتىن ساقلايدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە بىزگە خەۋەر بىرىپ مۇنداق دىدى: « ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا ھەقىيقى تەقۋا كىشىلەر بىلەن بىرگە».

بۇيەردە « ئاللاھ تائالا ھەقىقى تەقۋا كىشىلەر بىلەن بىرگە» ۋە « ھەقىقى تەقۋا كىشىلەر ئاللاھ بىلەن بىرگە » دىگەن ئىككى سوزنىڭ ئارىسىدا ئالاھىدە پەرىق بار. ئاللاھ تائالانىڭ تەقۋا كىشىلەر بىلەن بىرگە بولىشى ئاللاھ نىڭ خۇسىسى(مەنىۋى) تەرەپتىن بىرگە بولىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ساقلىشى، مۇھاپىزەت قىلىشى ۋە ياخشى ئىشلارغا مۇۋەپپەق قىلىشىدىن ئىبارەت، كىمكى ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان ئىشلارنى تاشلاپ ئاللاھ ياخشى كورىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا

يۈزلىنىدىكەن ئاللاھمۇ ئۇكىشىنى ياقتۇرماسلىقتىن ياخشى كۆرۈشكە يۈزلىنىدۇ. كىمكى ئاللاھ ياقتۇرىدىغان ئىشنى تاشلاپ ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان ئىشقا يۈزلىنىدىكەن ئاللاھمۇ ئۇ كىشىنى ياقتۇرۇشتىن ياقتۇرماسلىق تەرەپكە يۈزلىنىدۇ. كىمكى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىدىكەن ھەقىقەتتە كاتتا نىجاتلىققا ئېرىشكەن بولىدۇ. ھەقىقى نىجاتلىق دېگەن كىشىلەر ئارزۇ قىلىدىغان ياخشىلىقنىڭ جەۋھىرى، سەكسىنىغان ۋە ئۈچ كورىدىغان بارلىق قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاساسىدۇر.

ئى مۆمىنلەر!الله غا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار،پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار ، ئاللاھ تائالا ماڭا ۋە سىلەرگە قۇرئان كەرىمنىڭ سەۋەبى بىلەن بەركەت ئاتا قىلسۇن، ھەممەيلەننى ئاڭلىغان ئايەت ـ ھەدىسلەردىن مەنپەئەتلىنىشكە مۇيەسسەر قىلسۇن.ئاللاھتىن مىنىڭ ۋە باشقا بارلىق مۆمىن مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىشىنى سورايمەن، ھەممىڭلار ئاللاھتىن كەچۈرۈم سوراڭلار ئاللاھ گۇناھلارنى ئەڭ ياخشى كەچۈرۈم قىلغۇچىدۇر!

## ئىككىنچى خۇتبە

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنى بىر، ھېچ شېرىگى يوق، يەككە ـ يىگانە ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە راسچىل ئىشەنچىلىك ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئي ئاللاھ ئۆزلىرىدىن سىلىنىڭ ئەلچىلىرى ۋە بەندىلىرى، بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز موھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ پاك ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا، بارلىق ئىسىل خىسلەتلىك ساھابىلەرگە، قىيامەتكە قەدەر ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ماڭغان كىشىلەرگە رەھمەت ـ مەغپىرەت تەلەپ قىلىمىز.

ئي مۇسۇلمانلار! ئاللاھ سىلەرنى بۇيرىغان رەۋىشتە ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرنى توغرا يولغا باشلىغانلىقىغا شۈكىر ئېيتىڭلار.

ئي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن ئاشكارا ـ يوشۇرۇن نېئمەتلىرىنى ئەسلەڭلار ، ئاللاھ تائالادىن ھەقىيقى ر ەۋىشتە ھايا قىلىڭلار،

ئاللاھنىڭ نېئمەتلىرىگە، ئاللاھقا بولغان تائەت - ئىبادەتنى داۋاملاشتۇرۇش، چەكلەنگەن - هارام ئىشلاردىن يىراق بولۇش بىلەن شۈكرى ئېيتىپ ھەقىيقى مۆمىنلىكىڭلارنى ئىزھار قىلىڭلار. ئاللاھ تائالا ئۆزىگە شۈكرى ئېيتقۇچىلارغا نېئمەتلىرىنى تېخىمۇ زىيادە قىلىپ بېرىشكە ۋەدە قىلىپ مۇنداق دېدى:« ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭلار، نېمىتىمگە شۈكۈر قىلساڭلار، (ئۇنى)تېخىمۇ زىيادە قىلىمەن، ئەگەر(كۇفرانى نېمەت)قىلساڭلار، مېنىڭ ئازابىم، ئەلۋەتتە بەكمۇ قاتتىق بولىدۇ » دەپ جاكارلىدى. ئاللاھ تائالاغا بولغان شۈكرىنىڭ خۇلاسىسى بولسا ، ئاللاھ پەرز قىلغان نامازلارنى مەسجىدلەردە ئادا قىلىش، نامازنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كورسەتكەندەك ئادا قىلىش بىلەن بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:« كىشىلەردىن قىيامەت كۈنى بىرىنچى ھىساپ ئېلىنىدىغان ئەمەل نامازدىن ئىبارەت بولۇپ ئۇلارنىڭ نامازلىرى قوبۇل قىلىنسا باشقا ئەمەللىرىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ، ئەگەر نامازلىرى قوبۇل قىلىنمىسا باشقا ئەمەللىرىمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ » دېيىلگەن.

ئي ئاللاھ نىڭ بەندىلىرى! سىلەر ئاللاھنىڭ تەرىپىگە قايتىدىغان كۈندىن قورقۇڭلار، ئۇ كۈندە ھەممە كىشى ئۆزىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىگە ھىساپ بېرىدۇ، ئۇ كۈندە ھېچكىمگە زۇلۇم قىلىنمايدۇ.

ئي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھ سىلەرنى بىر ئىشقا بۇيرۇپ بۇنى ئالدى بىلەن ئۆزى باشلىدى ئۇ بولسىمۇ: «الله ھەقىقەتەن پەيغەمبەرگە رەھمەت يوللايدۇ(يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا رەھمەت قىلىدۇ، شەنىنى ئۇلۇغ قىلىدۇ، دەرىجىسىنى ئۇستۇن قىلىدۇ) ، پەرىشتىلەرمۇ ھەقىقەتەن(پەيغەمبەرگە)مەغپىرەت تەلەپ قىلىدۇ، ئى مۆمىنلەر!سىلەر پەيغەمبەرگە دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار(چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ سىلەرنىڭ ئۇستۇڭلاردىكى ھەققى چوڭدۇر، ئۇ سىلەرنى گۇمراھلىقتىن ھىدايەتكە، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقارغۇچىدۇر)».

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دىگەن:« كىمكى ماڭا بىر قىتىم دۇرۇد ئېيتىدىكەن ئاللاھ تائالا ئۇكىشىگە ئون قىتىم رەھمەت يوللايدۇ».ئىلگىرى ۋە

كىيىنكىلەرنىڭ ئالجاناپراقى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ئېيتىڭلار ۋە ئامانلىق تىلەڭلار!

ئي ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا رەھمەت قىلغاندەك رەھمەت قىلغىن. ھەقىقەتەن سەن مەدھىيلەشكە لايىقدۇرسەن، شان ـ شەرەپ ئىگىسىدۇرسەن.

ئي ئاللاھ! مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامگە ۋە ئۇنىڭ ئائىلە. تاۋاباتلىرىغا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋاباتلىرىغا بەركەت ئاتا قىلغاندەك بەركەت ئاتا قىلغىن، ھەقىقەتەن سەن مەدھىيلەشكە لايىقدۇرسەن، شان ـ شەرەپ ئىگىسىدۇرسەن.

ئي ئاللاھ توغرا يول تۇتقۇچى خەلىپىلەر ۋە بۇلارنىڭ جۇملىسىدىن ئەبۇبەكرى، ئۇمەر، ئوسمان ، ئەلى(ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق ساھابىلىرى، ئۇلارغا قىيامەتكىچە ئەگەشكەن بارلىق ياخشى كىشىلەردىن رازى بولغىن!

ئي ئاللاھ! بىزدىنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئۆزۈڭنىڭ رەھمىتىڭ، نېئمىتىڭ ۋە خەيرى ـ ئىھسانىڭ بىلەن رازى بولغىن!

ئي ئاللاھ! ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ئىززەتلىك قىلغىن! كاپىرلار ۋە مۇشرىكلارنى خار قىلغىن!

ئي ئاللاھ! بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ ئاقىۋىتىنى ياخشى قىلغىن، بىزنى دۇنيا ـ ئاخىرەتنىڭ خارلىقىدىن ۋە ئازاۋىدىن ساقلىغىن! بىزنى ۋە ئەۋلاتلىرىمىزنىڭ ھەرخىل شەيتانلاردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئە گەشكۈچىلىرىنىڭ ئازدۇرىشىدىن ساقلىغىن. جۇملىدىن بارلىق مۇسۇلمانلارنىمۇ ساقلىغىن. ھەقىقەتەن سەن ھەممىگە قادىردۇرسەن.

ئى الله!بىزنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن، مەخپىي ۋە ئاشكارا ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمىزنى، سەن بىزدىن بەكرەك بىلىدىغان گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرگىن. سەن خالىغان كىشىنى جەننەتكە ئىلگىرى ئەۋەتكۈچى ۋە خالىغان كىشىنى دوزاخقا قالدۇرۇپ قويغۇچى زاتتۇرسەن. سەن ھەممىگە قادىر زاتتۇرسەن.

ئي ئاللاھ! بىزنى نەپسىلىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ناچار ئەمەللىرىمىزدىن ساقلىغىن.

ئي ئاللاھ ! بىزنى جازانە خورلۇق، ۋابا، زىنا، مۇناپىقلىق، يەر تەۋرەش، مال باھاسىنىڭ ئورلەپ كىتىشى، ھە رخىل بالا- قازا لاردىن ۋە يوشۇرۇن ـ ئاشكارا پىتنە ـ پاساتلاردىن ساقلىغىن. بولۇپمۇ بىزنىڭ مۇشۇ شەھەرلىرىمىزنى ۋە ئومومى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىنى بۇ ئاپەتلەردىن ساقلىغىن.

ئي ئاللاھ! بىزنى ئەسكىلەرنىڭ يامانلىغىدىن ساقلىغىن، سەن ھەممىگە قادىر.

ئي ئاللاھ ! بىزنىڭ يۇرۇت ـ ۋەتەنلىرىمىزنى تىنىچ ـ خاتىرجەم قىلغىن. بىزلەرگە رەھبەرلىك قىلىۋاتقانلارنى ئىسلاھ قىلىسىلا. بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرىنى تىنىچ ـ پاراۋ ان،خاتىرجەم، باياشات قىلغىن. ئي مىھرى ـ شەپقەتلىك ئاللاھ بىزگە يامغۇر ياغدۇرۇپ بەرگىن. سەن بىزنىڭ ياراتقۇچىمىز، بىز سىنىڭ رەھمىتىڭدىن بىھاجەت ئەمەسمىز، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىز سەۋەبىدىن بىزدىن ئوز پەزلىڭنى چەكلەپ قويمىغىن. دىننى ئۇستۇن قىلغىن. ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ دىلىنى ـ سوزىنى بىرلەشتۇرۇپ بەرگىن. ئي ئاللاھ! بارلىق مۇسۇلمان رەھبەرلەرنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ۋەتىنىگە ۋە خەلقىگە مەنپەئەتلىك قىلغىن. سەن ھەممىگە قادىر.

ئي ئاللاھنىڭ بەندىلىرى! ئاللاھ سىلەرنى ئادىللىق قىلىشقا،خەيرى ـ ئىھسان قىلىشقا، ئۇرۇق ـ تۇققانلارغا، پىقىر ـ مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىيدۇ، پاھىشە ئىشلاردىن ۋە چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىشتىن، ئىسلام ھاكىمىيتىگە قارشى چىقىشتىن توسىدۇ، سىلەرنىڭ نەسىھەت قوبۇل قىلىپ مەنپەئەت ئىلىشىڭلار سىلەرگە بۇنى ئەسلىتىپ ئوتىدۇ، سىلەر ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىڭلارغا ۋاپا قىلىڭلار. سىلەر قەسەمنى ئىچكەندىن كىيىن بۇزىۋەتمەڭلار. ھەقىقەتەن سىلەر بۇ ئىشقا ئاللاھنى ۋەكىل قىلدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ. ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرساڭلار ئاللاھمۇ سىلەرنى ئەسلەيدۇ، ئاللاھ غا شۇكرى ئېيتساڭلار

ئاللاھ سىلەرگە نېئمەتنى زىيادە قىلىپ بېرىدۇ، ئاللاھنى ياد ئېتىش ئەڭ بۈيۈك ئىشتۇر. ئاللاھ سىلەرنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭلارنى بىلىپ تۇرىدۇ.